بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇسۇلمانلار ئەقىدىسى ھەققىدە 50 سوئال-جاۋاپ

(زۆرۈر ئوقۇشلۇق )

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بسم الله الرحمن الرحيم

1. سوئال: ئىنسان بىلمىسە بولمايدىغان ئۈچ ئىش قايسى؟
جاۋاپ: ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان رەببىنى، دىنىنى، پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تونۇش ۋە بىلىشتىن ئىبارەت.

2.س: رەببىڭىز كىم؟
ج: پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى يوقتىن بار قىلغان، ھەممە مەۋجۇداتلارنىڭ ئىگىسى بولغان زات مېنىڭ رەببىمدۇر.
ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿اَلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ﴾ ﴿جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا خاستۇر﴾ دەيدۇ. (1.سۈرە/ فاتىھە 1 ـ ئايەت)

3.س: پەرۋەردىگار(تەربىيەچى)نىڭ مەنىسى نېمە؟
ج: ئىبادەتكە ھەقىقىي لايىق، پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن بولىدۇ.

4.س: رەببىڭىزنى قانداق بىلدىڭىز؟
ج: يەتتە قات ئاسمان ـ زېمىن ئۈستىدىكى جانلىق ـ جانسىزلارغا، مەخلۇقاتلارغا، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى قاتارلىق رىئال

ئىسپاتلارغا قاراپ بىر ياراتقۇچى بولمىسا، ئۆزلۈكىدىن مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بىر پەيدا قىلغۇچى باركەن، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام دېگەن، قۇرئان ئارقىلىق خەۋەر بەرگەن رەببىم، ياراتقۇچۇم شۇ ئىكەن، دەپ بىلدىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿ وَمِنْ آيَاتِهِ اللَّيْلُ وَالنَّهَارُ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ لَا تَسْجُدُوا لِلشَّمْسِ وَلَا لِلْقَمَرِ وَاسْجُدُوا لِلَّهِ الَّذِي خَلَقَهُنَّ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ ﴾ ﴿كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي، ئاللاھنىڭ (بىرلىكى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار ئەگەر پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار﴾، دەيدۇ. (41.سۈرە/ فۇسسىلەت 37ـ ئايەت)

5.س: دىنىڭىز نېمە؟
ج: دىنىم ئىسلام. ئىسلام «ئاللاھقا بويسۇنۇش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِنَّ الدِّينَ عِندَ اللَّهِ الإِسْلَامُ ﴾ ﴿ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى مەقبۇل دىن ئىسلام دىنىدۇر﴾. (3.سۈرە/ ئال ئىمران 19ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

6.س: بۇ دىن نېمىلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان؟

ج: ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۇستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار: «لَا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰه مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللّٰه» (لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ) دەپ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىش، نامازئوقۇش، زاكات بېرىش، يىلدا بىر ئاي رامىزان روزىسى تۇتۇش، قادىر بولالىسا ئاللاھنىڭ بەيتىنى ھەج قىلىشتىن ئىبارەت.

7.س: ئىمان دېگەن نېمە؟

ج: ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا، ئەلچىلەرگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق يامانلىقنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولۇشىغا ئىشىنىشلەر ئىمان دېيىلىدۇ. ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللّٰهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِ وَقَالُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ﴾ ﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۇئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى﴾ دەيدۇ. (2.سۈرە/بەقەرە 285 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

8.س: ئېھسان دېگەن نېمە؟

ج: سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى

كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىش ئېھسان دېيىلىدۇ. چۈنكى، سەن ئاللاھنى كۆرمىگىنىڭ بىلەن ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿ إِنَّ اللَّهَ مَعَ الَّذِينَ اتَّقَواْ وَّالَّذِينَ هُم مُّحْسِنُونَ ﴾ ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾ دەيدۇ. (16.سۈرە/سۈرە نەھلى 128-ئايەت)

9. س: پەيغەمبىرىڭىز كىم؟

ج: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەگ نەسلى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا تۇتۇشىدىغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئابدۇللا، ئانىسى ئامىنەدۇر، بۇلار ھاشىم جەمەتىدىن بولۇپ، ھاشىملار قۇرەيشلەردىن. قۇرەيشلەر كەنئان ئەرەبلىرىدىن، كەنئان ئەرەبلىرى بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئەۋلادلىرىدىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولسا، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇلالىسىدىندۇر.

10.س: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ۋە ئەلچىلىكىگە دەلىل نېمە؟

ج: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «اقرأ» سۈرىسى

www.uyghurkitap.com

بىلەن پەيغەمبەرلىك خۇش-بىشارەت بېرىلدى. «المدثر» سۈرىسى بىلەن ئەلچىلىك ئېلان قىلىندى.

11. س: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى نېمە؟

ج: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ مۆجىزىسى قۇرئان كەرىم بولۇپ، پاساھەت-بالاغەتتە قۇرئانغا ئوخشاش كىتابنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانىيەت ئىقتىدارىدىكى، ئىجادىيىتىدىكى ئىش ئەمەسلىكىنى قۇرئان ئېلان قىلىپ: ﴿وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَىٰ عَبْدِنَا فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ وَادْعُوا شُهَدَاءَكُم مِّن دُونِ اللَّهِ إِنْ كُنتُمْ صَادِقِينَ﴾ ﴿بەندىمىز (مۇھەممەدكە) بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرە سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھدىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار (قۇرئان ئىنسانىنىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار﴾، دەيدۇ. (2. سۈرە/ بەقەرە 23-ئايەت)

12. س: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل نېمە؟

ج: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿مَّا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِّن رِّجَالِكُمْ وَلَكِن رَّسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ ﴾ ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچ بىرىڭلارنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر، (ئاللاھ ئۇ زات بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ) ﴾ دېگەن. (33. سۈرە/ ئەھزاپ 40-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

13. س: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىگە دەلىل نېمە؟

ج: ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى ھەققىدە توختۇلۇپ: ﴿وَمَا مُحَمَّدٌ إِلاَّ رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِ ٱلرُّسُلُ أَفإِنْ مَّاتَ أَوْ قُتِلَ ٱنْقَلَبْتُمْ عَلَىٰ أَعْقَابِكُمْ وَمَن يَنقَلِبْ عَلَىٰ عَقِبَيْهِ فَلَن يَضر ٱللَّهَ شَيْئاً وَسَيَجْزِي ٱللَّهُ ٱلشَّاكِرِينَ﴾ ﴿مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.) ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىۋالامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن شۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھ شۈكرى قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ﴾، دەيدۇ. (3.سۈرە/ ئال ئىمران 144 ـ ئايەت)

14.س: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى نېمە؟
ج: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ئاساسى، ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا بىر كىمنى شېرىك قىلماسلىق، تاش ـ تاغ، دەل ـ دەرەخ، ئەۋلىيا سالىھلەردىن بىر نەرسە تىلىمەسلىك. ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشلار مەزمۇن قىلىنغان، ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾ ﴿ئي مۇھەممەد سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە «مەندىن باشقا ھېچ (مەئبۇد بەرھەق) يوقتۇر. ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيي قىلدۇق، دەيدۇ. (21.سۈرە/ئەنبىيا 25ـ ئايەت)
ئاللاھ يەنە مۇشۇ ھەقتە: ﴿لَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار شەيتاندىن (يەنە شەيتانغا، پىرلارغا، كاھىنلارغا، ھەر قانداق مەئبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق

بولۇڭلار، دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾، دەيدۇ.
(16.سۈرە/نەھلى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)
بۇ ئايەتلەردىن ئاللاھ مەخلۇقاتلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش، ئىبادەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن يارىتقانلىقى، شۇنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەلچى پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكى بىلىنىدۇ.

15.س: ئۇلۇھىيەت تەۋھىدى بىلەن رەبۇبىيەت تەۋھىدى ئوتتۇرىدىكى پەرق نېمە؟
ج: رەبۇبىيەت تەۋھىدى بولسا، ئاللاھنىڭ قىلىقلىرىغا ئىشىنىش، يارىتقانلىقىغا، تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا، رىزىق بەرگىنىگە، يامغۇر ياغدۇرغىنىغا، دۇنيا ئىشلىرىنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن كونترول قىلىدىغانلىقىغا ئوخشاش ئىشلارغا ئىشىنىش دېمەكتۇر.
ئۇلۇھىيەت تەۋھىدى بولسا، تەۋەككۇل قىلىش، قورقۇش، ياردەم تەلەپ قىلىشلاردەك بەندىلەرنىڭ قىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردۇر.

16.س: ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش دېگەن نېمە؟ ياكى ئاللاھقىلا قىلىنىدىغان ئىبادەت قايسىلار؟
ج: دۇئا، ياردەم، قۇربانلىق، قورقۇش، تەۋەككۇل، سۆيگۈ، رۇكۇ ـ سەجدە، چوڭ بىلىش. مانا بۇلار ئۇلۇھىيەت تەۋھىدكە ئالاقىدار ئىشلار بولۇپ، ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ.

17. س: ئاللاھ بۇيرىغان ئىشنىڭ ئەڭ كاتتىسى نىمە؟ توسقان ئىشنىڭچۇ؟
ج: ئاللاھ بۇيرىغان ئىشنىڭ ئەڭ كاتتىسى، ئاللاھنى ئىبادەتتە بىر بىلىش، ئاللاھ توسقان ئىشنىڭ ئەڭ كاتتىسى، ئاللاھقا ئىبادەتتە بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈش.

18. س: ئۆگىنىپ ئەمەل قىلماسلىق بولمايدىغان ئۈچ ئىش قايسىلار؟
ج: 1. ئاللاھ بىزنى ياراتتى، رىزىق بەردى، بىزگە ئەلچى ئەۋەتتى، كىم ئەگەشسە ئەمەل قىلسا جەننەتكە كىرىدۇ، كىم ئىنكار قىلىپ ئاسىيلىق قىلسا جەھەننەمگە كىرىدۇ؛
2. مەيلى پەيغەمبەر، ئەلچى ۋە مەيلى سالىھلار بولسۇن، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا بۇلارنى شېرىك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ؛
3. كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئاللاھنى بىر بىلىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا ئۇلارنى قويۇپ ئاللاھنى تونۇمايدىغانلارنى دوست تۇتۇشقا بولمايدۇ.
19. س: ئاللاھ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نىمە؟
ج: ئاللاھ-ھەممە مەخلۇقاتلارغا نىسبەتەن ئىلاھلىقتا ۋە مەئبۇدلۇقتا ئىگە دېگەن مەنىدە.

20.س: ئاللاھ سىزنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟
ج: ئۆزىگە ئىبادەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياراتتى.

21.س: ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش دېگەن نېمە؟
ج: ئاللاھنى بىر بىلىپ ئاللاھغا بوي سۇنۇش.

22.س: بۇ گەپنىڭ دەلىلى نېمە؟
ج: ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە بۇ ھەقتە: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ ﴿جىنلار، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾، دەيدۇ. (51.سۈرە/زارىيات 56ـ ئايەت)

23.س: ئاللاھ بىزگە ئاۋۋال نېمىنى پەرز قىلدى؟
ج: ئاللاھقا ئىشىنىشنى، كىچىك ئىلاھلارنى رەت قىلىشنى ئاۋۋال پەرز قىلدى، ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿لاَ إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ قَد تَّبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِن بِاللّهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَىَ لاَ انفِصَامَ لَهَا وَاللّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت، گۇمراھلىق ئېنىق ئايرىلدى. كىمكى تاغۇت (يەنە ئاللاھدىن باشقا مەئبۇد)نى ئىنكار قىلىپ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ

سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾. (2.سۈرە/بەقەرە 256 ـ ئايەت)

24.س: ئايەتتىكى «العروة الوثقي» (ئەلئۇرۋەتۇل ۋۇسقا) دېگەندىن مەقسەت نېمە؟
ج: «لا اله الا الله» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ يەردە «ئاللاھنى ئىسپاتلاش، ئاللاھنىڭ غەيرىنى ئىنكار قىلىش» مەقسەت قىلىنغان، ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش دېگەن مەنىدە.

25.س: ئىنكار قىلىش ۋە ئىسپاتلاشنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟
ج: ئاللاھنىڭ باشقىسى بولغان مەئبۇدلارنى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش ئىرادىسىنى ئىسپاتلاش كېرەك، دېگەن مەنىدە.

26.س: بۇ گەپنىڭ دەلىلى نېمە؟
ج: ئاللاھ قۇرئاندا ﴿وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِ إِنَّنِي بَرَاءٌ مِّمَّا تَعْبُدُونَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە ئېيتتى: سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلاردىن مەن راستىلا ئادا ـ جۇدامەن﴾، دەيدۇ. (43.سۈرە/زۇخرۇپ 26 ـ ئايەت)
27.بۇ يەردە زىكرى قىلىنغان تاغۇتلار (كىشىلەر تەرىپىدىن) ئىلاھەتەك مۇئامىلە قىلىنغانلار كىمم؟

ج: ئۇلار بەك كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى بەش دىيىشكە بولىدۇ.
1ـ ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان ئىبلىس.
2ـ ئۆزىگە ئىبادەت قىلغىنىغا رازى بولۇپ تۇرغۇچى.
3ـ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغۇچى.
4ـ ئىلمى غەيىبنى بىلمەن دىگۈچى.
5ـ ئاللاھ چۈشۈرگەن ھۆكۈمنى ئىنكار قىلغۇچىلار.

28. س: كەلىمە شاھادەتتىن كېيىنكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت قايسى؟
ج: كەلىمە شاھادەتتىن كېيىن ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت ناماز بولۇپ، نامازنىڭ شەرت-رۇكنىلىرىنى ئادا قىلىش بىلەن ناماز ئوقۇش، مەسىلەن- ئەقىللىق بولۇش، بالىغ بولۇش، ئەۋرەت يېپىش، قىبلىگە يۈزلىنىش، ۋاقتىدا ئوقۇش ۋە نىيەت قىلىش دىگەندەك.

29. س: بەندىلەرنى ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ، ھېساب ئالىدۇ، دىگەن گەپنىڭ دەلىلى نېمە؟
ج: ئاللاھ قۇرئاندا بۇ ھەقتە ﴿زَعَمَ الَّذِينَ كَفَرُوا أَن لَّن يُبْعَثُوا قُلْ بَلَى وَرَبِّي لَتُبْعَثُنَّ ثُمَّ لَتُنَبَّؤُنَّ بِمَا عَمِلْتُمْ وَذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرٌ﴾ ﴿كافىرلار ھەرگىز تىرىلمەيمىز دەپ گۇمان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىشتى، ئېيتقىنكى(ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس پەرۋەردىگارىم بىلەن)قەسەمكى سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر﴾، دەيدۇ. (64.سۈرە/تەغابۇن7ـ ئايەت)
يەنە ئاللاھ مۇشۇ ھەقتە﴿مِنْهَا خَلَقْنَاكُمْ وَفِيهَا نُعِيدُكُمْ وَمِنْهَا نُخْرِجُكُمْ تَارَةً أُخْرَى﴾ ﴿سىلەرنى زېمىندىن خەلق ئەتتۇق(ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە زېمىنغا قايتۇرىمىز (تۇپىغا ئايلىنىسىلەر [سىلەرنى]ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز﴾.
(20.سۈرە/تەھا 55ـ ئايەت)
بۇ ھەقتە قۇرئاندا دەلىللەر بەك كۆپ.

30.س: ئاللاھنى قويۇپ ئاللاھنىڭ باشقىسىغا مال قۇربانلىق قىلىش، بوغۇزلاشلارغا قارتا ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكمى نېمە؟
ج: ئۇ كىشى كافىر بولۇپ، بوغۇزلىغان نەرسىسى مۇرتەدنىڭ نەرسىسى بولىدۇ. مۇرتەد «دىندىن يانغان» دېگەن مەنىدە.

31.س: شېرىكنىڭ تۈرى قايسىلار؟
ج: ئۆلۈكلەردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىش، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشتەك ئىشلار.

32.س: نىفاقنىڭ تۈرى قايسىلار؟
ج:ئېتىقادى نىفاق، ئەمەلىي نىفاق.

33.س: ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى رەت تەرتىپى قايسى؟
ج:ئىمان

34.س: ئىمانىنىڭ تۈرى قانچە؟
ج:ئىمانىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئەڭ يۇقىرىسى لا اله الا الله دېيىش. ئەڭ تۆۋىنىمۇ يولدىكى تاش، چالما ـكېسەك، تىكەن چاغلىق نەرسىلەرنى يولدىن ئېلىۋېتىشلاردۇر.

35.س: ئىماننىڭ رۇكنىلىرى قانچە؟
ج: ئىماننىڭ رۇكنى ئالتە بولۇپ، ئۇلار: ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا، ئەلچىلەرگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق يامانلىقنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشلاردۇر،

36. س: ئىسلام دىنىنىڭ ئۈچىنچى رەت تەرتىپى قايسى؟
ج: ئىسلام دىنىنىڭ ئۈچىنجى رەت تەرتىپى ئېھسان. ئېھسان ـ ئاللاھنى كۆرگەندەك ئىبادەت قىلىشتۇر.

37.س: ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ، ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا يارىشا جازا ـ مۇكاپاتلىنىدۇ دېيىشنىڭ دەلىلى نېمە؟
ج: بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ﴿لِيَجْزِيَ الَّذِينَ أَسَاؤُوا بِمَا عَمِلُوا وَيَجْزِيَ الَّذِينَ أَحْسَنُوا بِالْحُسْنَى﴾ ﴿ئاللاھ يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشىلىق قىلغانلارنى چىرايلىق مۇكاپاتلايدۇ﴾، دەيدۇ. (53.سۈرە/نەجمى 31ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

38.س: قىيامەتنى يالغانغا چىقارغۇچىنىڭ ھۆكمى نېمە؟
ج: ئۇنداق كىشىنىڭ ھۆكمى قۇرئان ئايىتى بىلەن كافىردۇر، ئاللاھ قۇرئاندا ﴿زَعَمَ الَّذِينَ كَفَرُوا أَن لَّن يُبْعَثُوا قُلْ بَلَى وَرَبِّي لَتُبْعَثُنَّ ثُمَّ لَتُنَبَّؤُنَّ بِمَا عَمِلْتُمْ وَذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرٌ﴾ ﴿كافىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى ئېيتقىنكى(ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى)سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلار خەۋەر بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر﴾، دەيدۇ (64.سۈرە/تەغابۇن 7ـ ئايەت)

39.س: پەيغەمبەر ئەۋەتىلمىگەن، ھەق چۈشەندۈرۈلمىگەن مىللەت ۋە قەۋملەرمۇ بارمۇ؟

ج :ئاللاھ قۇرئاندا ھەممە مىللەت، قەۋملەرگە، پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ھەقىقەت، تەۋھىد يەتكۈزۈلدى دەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ اعْبُدُواْ اللَّهَ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۇممەتكە، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن(شەيتانلارغا، كاھىنلارغا بۇتلارغا ئوخشاش ھەر قانداق مەئبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾،دەيدۇ. (16 .سۇرە/نەھلى36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

40 .س: تەۋھىدنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

ج: تەۋھىد، رەببۇبىيەتتىكى تەۋھىد، ئۇلۇھىيەتتىكى تەۋھىد ۋە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىكى تەۋھىد، دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىدەك:

1. رەببۇبىيەتتىكى تەۋھىد، ئاللاھ قۇرئاندا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ مَن يَرْزُقُكُم مِّنَ السَّمَاء وَالأَرْضِ أَمَّن يَمْلِكُ السَّمْعَ والأَبْصَارَ وَمَن يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيَّتَ مِنَ الْحَيِّ وَمَن يُدَبِّرُ الأَمْرَ فَسَيَقُولُونَ اللّهُ فَقُلْ أَفَلاَ تَتَّقُونَ﴾ ﴿ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا( ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسماندىن )يامغۇر ياغدۇرۇپ(زېمىندىن)گىياھ ئۈندۈرۈپ(كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟) خالايىقنىڭ (ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟ ئۇلار) بۇلارغا جاۋابەن: («ئاللاھ»دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئاللاھدىن غەيرىگە چوقۇنۇش بىلەن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن(قورقمامسىلەر؟﴾. (10.سۈرە/يۇنۇس 3-ئايەت)

2. ئۇلۇھىيەتتىكى تەۋھىد، بۇ بولسىمۇ ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىش، ھەممە ئىش ئاللاھدىن كېلىدۇ دەپ بىلىش، ئاللاھ ئىبادىتىگە ئەۋلىيا سالىھلارنى شېرىك قىلماسلىقلار ئۇلۇھىيەتتىكى تەۋھىد ھېسابلىنىدۇ.

3. بۇ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىكى تەۋھىد بولۇپ، ئۇلۇھىيەت تەۋھىدى ۋە رەبۇبىيەت تەۋھىدى، ئاللاھنىڭ مۇشۇ سۈپەتلىرىدىكى تەۋھىدكە چىن پۈتۈپ، ئېتىقادى جەھەتتە مۇكەممەل بولغاندا ئاندىن ئەمەلىيلىشىدۇ.

41.س: ئاللاھ بىر ئىشقا بۇيرىسا نېمە قىلىش كېرەك؟

ج: ئۇ كىشىگە تۆۋەندىكىدەك يەتتە ئىش ۋاجىپ بولۇپ، شۇ ئىشنى بىلىش، شۇ ئىشقا مۇھەببەت باغلاش، شۇ ئىشنى قىلىش ئىرادىسىگە كېلىش، شۇ ئىشنى قىلىش، قىلغانغا ساۋاب بولىدۇ دەپ قاراپ، ئاللاھ توسقاندىن يېنىش، شۇ ئىشتا چىڭ تۇرۇشلاردىن ئىبارەت.

42.س: ئاللاھ تەۋھىدكە بۇيرۇپ شىرىكتىن توسقانلىقىنى بىلگەن ئادەم يەنە نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟
ج: نۇرغۇن كىشىلەر تەۋھىد، شىرىك ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئاۋۋال تەۋھىد ۋە شىرىك ھەققىدە مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش كېرەك. بۇ ھەقتىكى ھەر بىر بىلىمگە كەسكىن مۇئامىلە قىلىش، قىلغانلىرىنى خالىس قىلىش كېرەك. خاتا قىلىپ سېلىپ ئەمەللىرىنىڭ بىكار بولۇشىدىن ئەنسىرەش، ھەققەت ئۈستىدە چىڭ تۇرۇشتەك رەت تەرتىپلىرىنى بىلىۋېلىش كېرەك.

43.س: كۇفرىنىڭ تۈرلىرى قانچە؟
ج: كۇفرىنىڭ تۈرى ، مىللەتتىن چىقىرىپ تاشلايدىغان كۇفرى، مىللەتتىن چىقارمايدىغان نېئمەتتىكى كۇفرى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ. مىللەتتىن چىقىرىپ تاشلايدىغان كۇفرى بەش تۈرلۈك بولۇپ ئۇلار:
1ـ ئاللاھنى يالغانغا چىقىرىش. 2ـ ئاللاھنى بار ۋە بىر دەپ تەستىقلاشقا چوڭچىلىق قىلىش. 3ـ شەك قىلىش. 4ـ ئاللاھنىڭ دەلىل قانۇنىيەتلىرىگە قارشى تۇرۇش، ئېتىراز بىلدۈرۈش. 5ـ نىفاق. بۇ سۆزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈشەندۈرلۈشى قۇرئان ئايىتىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ـ ئاللاھغا بىر ئىشنىپ بىر ئىشەنمەي، مۈرتەد بولۇپ، ئىككى يۈزلىمىلىك ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت.

مىللەتتىن چىقارمايدىغان نېئمەتتىكى كۇفرى بولسا، ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە قارتا شۈكرى قىلىشنىڭ بولماسلىقى ياكى شۇ نېئمەتلەرنى ئاللاھ بەردى دەپ تونىماسلىقلاردىن ئىبارەت.

44. س: شېرىكنىڭ تۈرلىرى قانچە؟
ج: شېرىك تەۋھىدنىڭ تەتۈرى بولۇپ، چوڭ شېرىك، كىچىك شېرىك، مەخپى شېرىك دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

چوڭ شېرىك: دەئۋەتتىكى شېرىك، نىيەت مەقسەتتىكى شېرىك، ئىتائەت ئىبادەتتىكى شېرىك، مېھرى ـ مۇھەببەتتىكى شېرىك، دەپ تۆتكە بۆلۈنىدۇ،

كىچىك شېرىك بولسا، رىيادىن ئىبارەت.

مەخپى شېرىك بولسا، ئۇ تولىمۇ كۆپ بولۇپ، دىققەت قىلمىسا بولمايدىغان شېرىكتۇر،

45. س: قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسى نېمە؟
ج: قازا ـ قەدەرنىڭ مەنىسى، ئاللاھ دۇنيادىكى نەرسىلەرنى ئۆز ئەزەلى ئىلمىگە ئاساسەن ئۆلچەم بىلەن ياراتقان، يارىتىلغان يارالمىشلار بىر ـ

بىرگە مۇناسىۋەتلىك، ھەممە ئىش ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاللاھنىڭ پۈتۈشى بىلەن بولىدۇ، دېگەن بولىدۇ.

46. س: لا اله الا الله نىڭ مەنىسى نېمە؟
ج: ئىبادەت قىلىشتا ئاللاھدىن باشقا مەئبۇد يوق دېگەن بولىدۇ.

47. س: ناماز ـ روزىدىن ئىلگىرى پەرز قىلىنغان تەۋھىد قايسى خىلدىكى تەۋھىد؟
ج: ئىبادەتتىكى تەۋھىد بولۇپ بۇنىڭدا ئىبادەتتە ئاللاھغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماسلىق مەقسەت قىلىنغان. ئاللاھ قۇرئاندا ﴿وَأَنَّ الْمَسَاجِدَ لِلَّهِ فَلَا تَدْعُوا مَعَ اللَّهِ أَحَدًا﴾ ﴿مەسچىتلەر ئاللاھغا خاستۇر، ئاللاھقا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار﴾، دەيدۇ. (72. سۈرە /جىن 18 ـ ئايەت.)

48. س: ھىدايەت دېگەن نېمە؟
ج: ھىدايەت دېگەن ـ توغرا يول، يېتەكلەش دېگەن مەنىدە.

49. س: باينىڭ شۈكۈر قىلغىنى ئەۋزەلمۇ، نامراتنىڭ سەۋر قىلغىنىمۇ؟

ج: ھەر ئىككىلىسى ئەۋزەللىكتە ئوخشاش بولۇپ، ئەڭ مۆھىمى تەقۋالىقتۇر. ئاللاھ قۇرئاندا ﴿إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ﴾ ﴿ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىرىڭلا سىلەرنىڭ تەقۋالىرىڭلار﴾، دېگەن ئىدى. (49.سۈرە/ھۇجرات 13ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

50.س: مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟

ج: ئەڭ مۆھىمى، تەۋھىد بىلىملىرىنى ياخشى بىلىشىڭىز، دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بىلىملەرنى كۆپ ئوقۇشىڭىز، لاياقەتلىك، ياخشى ۋە تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇشقا تىرىشىشىڭىز، باشقىلارنى ئىسلامغا، ياخشىلىققا چاقىرىشىڭىز كېرەك. ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نەدىن كەلگەن نەگە بارىدىغانلىقىڭىزنى، قايسى قەۋمگە تەۋە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەن، تەقۋا، ياخشى بىر مۇسۇلمان بولۇشىڭىز كېرەك.